# شى جىنپىڭ مىكرونېزىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ زۇڭتۇڭى پانۇئېلو بىلەن سۆھبەتلەشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 30 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ـ مىكرونېزىيە ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا ئىشىنىپ، ئۆزئارا قوللاپ، باراۋەر، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە ئەمەلىي نەپ يەتكۈزدى. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو ـ مىكرونېزىيە مۇناسىۋىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، مىكرونېزىيە تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ـ مىكرونېزىيە ئىككى تەرەپ ھەر دەرىجىلىكلەر ئالاقىسىنى ساقلاپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت تارماقلىرى، قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئالاقىسىنى كېڭەيتىپ، سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچنى كۈچەيتىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ مىكرونېزىيە تەرەپنىڭ ئۆز دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىغا ئىلگىرىكىدەكلا ھۆرمەت قىلىدۇ، مىكرونېزىيە تەرەپنىڭ دۆلەت مۇستەقىللىقىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى قوللايدۇ. ئىككى تەرەپ ئەۋزەللىكلەر بىلەن ئۆزئارا تولۇقلاپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش رامكىسى ئىچىدىكى سودا سېلىنمىسى، دېھقانچىلىق، بېلىقچىلىق، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، ساياھەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى پائال كېڭەيتىشى كېرەك، مىكرونېزىيە تەرەپنىڭ جۇڭگوغا تۇنۇس بېلىقى قاتارلىق ئەۋزەل مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ كۆپ ئېكسپورت قىلىپ، جۇڭگو تەرەپ جاكارلىغان ئارال دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىش ۋە ئارال دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش توغرىسىدىكى تۈرلۈك سىياسەت ـ تەدبىرلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزىدىغان تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي ھەمكارلىق تۈرلىرىنى قانات يايدۇرۇشىنى قارشى ئالىدۇ. جۇڭگو تەرەپ مىكرونېزىيە تەرەپكە داۋاملىق كۈچىنىڭ يېتىشىچە دائىرىدە ئىقتىساد، تېخنىكا ياردىمى بېرىشنى خالايدۇ. ئىككى تەرەپ ئادىمىيەت ۋە يەرلىك ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ قېتىمقى دىپلوماتىيە پاسپورتى، ھۆكۈمەت ئىشى پاسپورتى، ھۆكۈمەت ئىشى ئادەتتىكى پاسپورتى بارلاردىن ئۆزئارا ۋىزا كەچۈرۈم قىلىش كېلىشىمى ئىمزالاشنى پۇرسەت بىلىپ، قوش يۆنىلىشلىك خادىملار ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى، خەينەن ئۆلكىسىنىڭ مىكرونېزىيە فېدېراتسىيەسى بىلەن بولغان يەرلىك ھەمكارلىقىدا تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىشنى قويۇقلاشتۇرۇپ، داۋاملىق كىلىمات ئۆزگىرىشى، دېڭىز ـ ئوكيان قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەردىكى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

پانۇئېلو جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەن بۇ قېتىمقى زىيارەت مەزگىلىدە، جۇڭگونىڭ ئۇزاق تارىخىي مەدەنىيىتى بىلەن زامانىۋى تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ گىرەلىشىپ نۇر چاچقانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم. جۇڭگونىڭ سەممىي دوستىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن، جۇڭگو قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە چىن قەلبىمدىن خۇشال بولدۇم، جۇڭگونىڭ كەلگۈسىدە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مىكرونېزىيە تەرەپ رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش تەشەببۇسىنى ھەمدە دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوينىغان مۇھىم رولىنى يۈكسەك ئالقىشلايدۇ. مىكرونېزىيە فېدېراتسىيەسى كىچىك دۆلەت بولسىمۇ، لېكىن باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگونىڭ باراۋەر مۇئامىلە قىلغانلىقى ۋە ھۆرمەت قىلغانلىقىدىن تەسىرلەندى. جۇڭگو تەرەپ ئەڭ بۇرۇن مىكرونېزىيەنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللىغان ھەم مىكرونېزىيەنىڭ دۆلەت تەرەققىياتىغا ياردەم بەرگەن، مىكرونېزىيە بىلەن جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 30 يىلدىن بۇيان، ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقى مىكرونېزىيە دۆلىتى ۋە خەلقىگە ئەمەلىي نەپ ئېلىپ كەلدى. شۇنى قايتا تەكىتلەيمەنكى، مىكرونېزىيە تەرەپ بىر جۇڭگو پرىنسىپىغا داۋاملىق قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ. شياڭگاڭ، شىنجاڭ، شىزاڭ قاتارلىق مەسىلىلەر تامامەن جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، چەت ئەللەر بۇنىڭغا ئارىلاشماسلىقى كېرەك. جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈشى جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ھەمكارلىشىش ۋە ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىكرونېزىيە تەرەپ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ـ سودا، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىكى، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا پائال قاتنىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، مىكرونېزىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسىدە تېخىمۇ گۈزەل بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مىكرونېزىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق يەر شارى مەسىلىلەردە ئوينىغان مۇھىم رولىنى ئالقىشلايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى داۋاملىق كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مىكرونېزىيە تەرەپ داۋاملىق تىنچ ئوكيان ئارال دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئويناشنى خالايدۇ.

سۆھبەتتىن كېيىن، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى كۆپ تۈرلۈك ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنىڭ ئىمزالىنىشىغا گۇۋاھ بولدى.

سۆھبەتتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ خەلق سارىيىنىڭ شىمالىي زالىدا پانۇئېلو ئۈچۈن قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. پېڭ لىيۈەن، ياڭ جيېچى، ۋاڭ دۈڭمىڭ، ۋاڭ يى، ياڭ چۈەنتاڭ، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

# مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىش، ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشتىكى ئاساسىي يۈزلىنىش ئۆزگەرمىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاشلىقتىن يەنە مول ھوسۇل ئېلىندى. خەلقئارا كىرىم ـ چىقىم ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتى. ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئاچقۇچلۇق ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، يېزىلاردىكى نامرات ئائىلىلەر داۋاملىق زور دەرىجىدە ئازايدى، پۇل مۇئامىلە خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدى ئېلىندى، تىزگىنلەندى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشىلاندى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى، جەمئىيىتىدە سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىشتەك ياخشى ۋەزىيەت ساقلاندى، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشى ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلما سىجىل ئەلالاشتى، تەرەققىيات سۈپىتى مۇقىم ئۆستى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىدە مۇقىملىق ساقلاندى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئاشتى، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەرنىڭ سۈرئىتى مۆلچەرگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا يېڭى مۇھىم، زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى.

نەتىجىلەر تەستە قولغا كەلگەن، تەجرىبىلەر ئىنتايىن قىممەتلىك. خىزمەت داۋامىدا، بىز بەزى مۇھىم تونۇشنى شەكىللەندۈردۇق: جەزمەن ماكرو سىياسەتنىڭ تەتۈر دەۋرىيلىك تەڭشەش سالمىقىنى ئىلمىي، پۇختا ئىگىلەپ، تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ھادىسىدىن تۈزەش بىلەن ماھىيەتتىن تۈزەش، ھازىر بىلەن كەلگۈسىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك؛ جەزمەن سىستېما نەزەرىيەسىنى چىقىش قىلىپ، ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش شەكلىنى ئەلالاشتۇرۇپ، كۆپ خىل نىشان ئىچىدە ھەرىكەت ھالىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات داۋامىدا سىستېمىنى ئەلالاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك؛ جەزمەن ئىسلاھات ئارقىلىق تەرەققىيات دۇچ كەلگەن تۈزۈلمە ـ مېخانىزم توسالغۇلىرىنى تۈگىتىشكە ماھىر بولۇپ، يوشۇرۇن ھالەتتىكى تەرەققىيات يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قوزغىتىپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنى پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە دۆلەت ئىچى، خەلقئارا بازار رىقابىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن ئېلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك؛ جەزمەن خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، چوڭ ئېھتىماللىق تەپەككۇرى ئارقىلىق كىچىك ئېھتىماللىق ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، سىستېمىلىق خەۋپ ـ خەتەر يۈزبەرمەسلىك تۆۋەن چېكىنى چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك.

ئەمەلىيەت شۇنى چوڭقۇر كۆرسەتتىكى، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىش، ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشتىكى ئاساسىي يۈزلىنىش ئۆزگەرمىدى. جۇڭگو ئىقتىسادى بىر بىپايان دېڭىز، بەزى قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلارغا دۇچ كەلسىمۇ، لېكىن ھەممىسى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا مۇقەررەر دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلاردۇر. دۇنياغا نەزەر سالساق، يەنىلا مەنزىرە بۇ تەرەپتە ئەڭ ياخشى. بىز ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشىگە دىيالېكتىك تەپەككۇر بىلەن قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتىپ، تاشقى بېسىمنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك. كەلگۈسىگە يۈزلەنسەك، پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكى بار، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان جۇغلانغان مول ماددىي تېخنىكا ئاساسى بار، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك بازار ئەۋزەللىكى ۋە ئىچكى ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچى بار، غايەت زور ئادەم كۈچى كاپىتالى ۋە ئىختىساسلىقلار بايلىقى بار، بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ تېزدىن يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىيات يولىغا كىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ پارلاق تەرەققىيات ئىستىقبالىنى كۆتۈۋېلىش شارائىتىمىز، ئىقتىدارىمىز، ئىشەنچىمىز تامامەن بار.

2020 ـ يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، بىز بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل»لىق تەرەققىيات ۋە ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىشىمىز كېرەك، بۇ ھەم ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش مەزگىلى، ھەم ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلى بولۇپ، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىنتايىن مۇھىم. پاراخوت ئوتتۇرا ئېقىمغا كەلگەندە دولقۇن تېخىمۇ جىددىي بولىدۇ، قانچە خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالدىغا قاراپ ماڭىدۇ. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرسەكلا، بىز چوقۇم خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئەمەلىي نەتىجىلەرنى يارىتىپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ دولقۇن يېرىپ پۇختا سۈرئەت بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلالايمىز!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

زۇڭلى لى كېچياڭنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، قەتئىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تولۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش كېرەك.

بىرىنچى، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىش كېرەك. دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىش، ئۇزاققىچە ياخشىلىنىش ئاساسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشىگە مۇئامىلە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بېسىمنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇپ، زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىتا مىقدارنىڭ مۇۋاپىق ئېشىشى ۋە سۈپەتنىڭ مۇقىم ئۆسۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، ئومۇمىي تەلەپنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى چىڭ كۆزلەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنى مۇۋاپىق ئارىلىقتا ساقلاپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك.

ئۈچىنچى، سىياسەت يۈزلىنىشىنى ئىگىلەش كېرەك. مۇقىملىقنى باش ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ماكرو سىياسەت مۇقىم بولۇش، مىكرو سىياسەت جانلىق بولۇش، جەمئىيەت سىياسىتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشى، نىشان يۆنىلىشى، نەتىجە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا سىجىل كۈچەپ، داۋاملىق مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۆتىنچى، نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش، ساياھەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتنى ياخشى تۇتۇپ، ئۈچ كەسىپنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ئەلالاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى سىجىل كاپالەتلەندۈرۈپ، ياخشىلاپ، مالىيە، پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، كۈچەپ شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

بەشىنچى، ياخشى مۇھىت بەرپا قىلىش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «بىرىكمە مۇشت»نى ياخشى ئېتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداپ، مۇقىملىق پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت بەرپا قىلىش كېرەك.

ئالتىنچى، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، «ئىككى يۈرۈش خىزمەت بەنزىسى» خىزمەت مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىشتىكى ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى چوڭ دەرسخانىسىنىڭ تۇنجى لېكسىيەسى سۆزلەندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر، يېڭى دەۋردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشتىكى ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشتۇر. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتىش ۋە كەسپىي ئارقا كۆرۈنۈش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى مۇنبەرگە چىقىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىتى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن، قانۇن ـ نىزاملىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەھۋالى ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشتىكى ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش قىزغىنلىقىنى كۈچەيتىپ، مۇنەۋۋەر ۋەكىللەردىن بولۇشقا تىرىشىشىغا تۈرتكە بولۇش؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەمئىيەتكە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساداسىنى يەتكۈزۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سالاپىتىنى نامايان قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت.

شاۋكەت ئىمىن مۇنداق دېدى: خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش بويىچە تەربىيەلەش بىلەن تەمىنلەش، مۇلازىمەت ـ كاپالەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىنى قوللاش خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى. بىز خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى چوڭ دەرسخانىسى خىزمىتىنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتىكى بۇ يېڭىلىق يارىتىش تەدبىرىنىڭ تېخىمۇ زور تەسىر كۈچىنى جارى قىلدۇرىمىز. بۇ سۇپا ئارقىلىق، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش نەزەر دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئۆگىنىشنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كەڭلىكىنى كېڭەيتىپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتىكى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى، مۇكەممەللىشىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئەھۋال ئىگىلەپ، خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىپ، «خەلق مېنى ۋەكىل قىلىپ سايلىدى، مېنىڭ ۋەكىل بولۇشۇم خەلق ئۈچۈن»نى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇ خەيلۇن، دۇڭ شىنگۋاڭ، بادەي، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى.

# شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يولۇچى ـ يۈك توشۇش مىقدارىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئىككى يېرىم سائەتلىك تۆمۈريول تېز سۈرئەتلىك قاتناش ئىقتىساد چەمبىرىكى»نىڭ دائىرىسى سىجىل كېڭەيدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ تۆمۈريولى ئادەتتىكى تېز پويىزلارنى يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول رېلىسىدا يۈرۈشكە تەشكىللەش ئارقىلىق، يولۇچىلارنىڭ پويىزغا چىقىش ـ چۈشۈش تەرتىپى قاتارلىق شەكىللەرنى ئەلالاشتۇرۇپ، ساياھەت ۋاقتىنى زور دەرىجىدە قىسقارتتى. نۆۋەتتە، بىۋاستە قاتنايدىغان يولۇچىلار پويىزلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدىكى سەپەر ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق بولغاندا 4 سائەت 51 مىنۇت قىسقاردى، باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدىكى يولۇچىلار پويىزلىرىنىڭ ئەڭ ئۇزاق بولغاندا 4 سائەت 56 مىنۇت قىسقاردى.

بۇ يىل، شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ قاراماي ـ چۆچەك تۆمۈريولى، بورتالا لىنىيەسىدە يېڭىدىن تىجارەت باشلىنىپ، شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ تىجارەت مۇساپىسى بۇلتۇرقىدىن 330 نەچچە كىلومېتىر كۆپەيدى، يولۇچىلار پويىزىنىڭ قاتناش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى تەخمىنەن 75% ناھىيە ـ شەھەرنى قاپلىدى.

پويىز ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، شىنجاڭ تۆمۈريولى بازارغا دەل جايىدا ئۇدۇللىشىپ، پويىزنىڭ يۈرۈش خەرىتىسىنى كۆپ قېتىم تەڭشەپ، يولۇچىلار پويىزىنى باسقۇچقا بۆلۈپ جانلىق قاتناتتى؛ ھازىرقى خەرىتىدىن پايدىلىنىپ پويىزلارنى ئىسكىلاتتا توختىتىپ تەكشۈرۈش ـ رېمونت قىلىش ۋاقتىنى قىسقارتىشنى بېكىتىپ، «پويىز ئايلىنىش، ئادەم داۋاملىق ئولتۇرۇش» ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، ترانسپورت ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە قويۇپ بەردى، شىنجاڭ ئىچىدىكى يولۇچى توشۇش ئىقتىدارى 2016 ـ يىلدىكىدىن 122.7% ئاشتى.

يۈك توشۇش جەھەتتە، بۇ يىل، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى تۇرپان، قۇمۇل، كورلا ۋوگزاللىرىدا ئىقتىدارنى كېڭەيتىپ ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇپ، جىڭ ـ غۇلجا ـ قورغاس تۆمۈريول لىنىيەسى، ئۈرۈمچى ـ جۇڭغار تۆمۈريولى لىنىيەسىدە ۋوگزال كۆپەيتىش، ئىقتىدارنى كېڭەيتىپ ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇپ، تۆمۈريول يۈك ترانسپورت ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى.

ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، شىنجاڭ تۆمۈريولى يەنە پاراۋۇزنىڭ سۆرەش ئەندىزىسىنى ياخشىلاپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاساسلىق بۆلەكلەردىكى پويىزلارنىڭ سۆرەش مۇقىم سانىنى بىردەك 5000 توننىغا تەڭشەپ ئۆستۈرۈپ، تۆمۈريول ترانسپورت ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى.

«بۇنىڭدىن كېيىن، بىز داۋاملىق پويىزنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ترانسپورت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يولۇچىلارنىڭ سەپىرىنى تېخىمۇ راۋانلاشتۇرىمىز، يۈك ترانسپورتىنى تېخىمۇ قولايلاشتۇرىمىز» دەپ بىلدۈردى جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى.